# شىنجاڭ گېزىتى

ᠰᠢᠨᠵᠢᠶᠠᠩ ᠰᠣᠨᠢᠨ — شىنجاڭ گازىتى — 新疆日报

2021 ـ يىل 2 ـ ئاي

9

سەيشەنبە

维吾尔文 2 月9日

25332 ـ سان

بۈگۈن 8 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W   پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57   تىيانشان تورى: www.ts.cn


# شى جىنپىڭ ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى رۇەن فۇجۇڭ بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى رۇەن فۇجۇڭ بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ رۇەن فۇجۇڭنىڭ ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىلىقىغا ئۇدا سايلانغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەبرىكلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 13 ـ قۇرۇلتىيى غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى ھەم يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى كۆرەش نىشانى بېكىتىلدى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### شى جىنپىڭ جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، خېبېي ئۆلكىسى پىڭشەن ناھىيەسىنىڭ شىبەيپو بازىرى بېيجۇاڭ كەنتىدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى ئىلھاملاندۇردى

# يۇرتداشلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇيۇشتۇرۇپ، تۇرمۇشلارنى بارغانسېرى ياخشىلاڭلار

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خېبېي ئۆلكىسى پىڭشەن ناھىيەسىنىڭ شىبەيپو بازىرى بېيجۇاڭ كەنتىدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرىغا جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، يۇرتداشلارغا چاغانلىق بەخت تىلىدى.

شى جىنپىڭ جاۋاب خېتىدە مۇنداق دېدى: 78 يىل ئىلگىرى، «ئىتتىپاقلىق ــ كۈچ» دېگەن ناخشا سىلەرنىڭ ئاشۇ جايدا ياڭراپ، يۈزمىليونلىغان خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ ئېيتىلىدىغان ئىنقىلابىي ناخشىغا ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈندە، سىلەر يۇرتداشلارنى يېتەكلەپ قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاپالىق ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتىڭلار، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش بولدۇم.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىتتىپاقلىق ــ كۈچ، بۇ كۈچ تۆمۈر، بۇ كۈچ پولات. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق تارىخى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، گۈزەل تۇرمۇش ئۈچۈن ئورتاق كۆرەش قىلغان تارىخ، شىبەيپودىكى كادىرلار، ئاممىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەسراتى تېخىمۇ چوڭقۇر.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## جاۋاب خەت

**خېبېي ئۆلكىسى پىڭشەن ناھىيەسىنىڭ شىبەيپو بازىرى بېيجۇاڭ كەنتىدىكى پارتىيەلىك يولداشلار:**

ياخشىمۇ سىلەر! خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدىم. 78 يىل ئىلگىرى، «ئىتتىپاقلىق ــ كۈچ» دېگەن ناخشا سىلەرنىڭ ئاشۇ جايدا ياڭراپ، يۈزمىليونلىغان خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ ئېيتىلىدىغان ئىنقىلابىي ناخشىغا ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈندە، سىلەر يۇرتداشلارنى يېتەكلەپ قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاپالىق ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتىڭلار، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش بولدۇم.

ئىتتىپاقلىق ــ كۈچ، بۇ كۈچ تۆمۈر، بۇ كۈچ پولات. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق تارىخى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، گۈزەل تۇرمۇش ئۈچۈن ئورتاق كۆرەش قىلغان تارىخ، شىبەيپودىكى كادىرلار، ئاممىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەسراتى تېخىمۇ چوڭقۇر. ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە، سىلەرنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا قەتئىي ئاۋاز قوشۇپ، ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولۇڭلارنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇرتداشلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر نىيەتتە ئويلاپ، بىر مەقسەتتە كۈچ چىقىرىپ، تۇرمۇشلارنى بارغانسېرى ياخشىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

چاغان يېتىپ كېلىش ئالدىدا، يۇرتداشلارغا چاغانلىق گۈزەل تىلەكلىرىنى تىلەيمەن!

**شى جىنپىڭ**

2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# شى جىنپىڭ جۇڭگو ــ ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭ 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى مۇنداق جاكارلىدى: دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بېيجىڭدا جۇڭگو ــ ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدۇ ھەم ئاساسىي مەقسەت سۆزى قىلدۇ.

باشلىقلار يىغىنىنى جۇڭگو تەرەپ تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ۋەكىللىرى ھەمدە جۇڭگو ــ ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىقى بويىچە كۆزەتكۈچىلەر ۋەكىللىرى تەكلىپكە بىنائەن قاتنىشىدۇ. باشلىقلار يىغىنى سىن شەكلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چاغاننىڭ ئالدىدا گۇيجوۋغا بېرىپ ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلىغان ۋە ئۇلاردىن ھال سورىغاندا، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن بىرلىكتە چاغاننى كۈتۈۋالغاندا قىلغان مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چاغاننىڭ ئالدىدا گۇيجوۋغا بېرىپ ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلىغان ۋە ئۇلاردىن ھال سورىغاندا، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن بىرلىكتە چاغاننى كۈتۈۋالغاندا قىلغان مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزىتىش قايتما ئىنكاس پىكرى بويىچە تۈزىتىش خىزمىتى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، خاس ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈتۈكلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، «تۆتنى توختاتماسلىق» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تۈزۈمى،

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

# مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا كۆزىتىش ئەھۋالىنى قايتما ئىنكاس قىلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، مەركەز كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك كۆزىتىشى بويىچە قايتما ئىنكاس يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆزىتىش ئومۇمىي ئەھۋالى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش ۋە تۈزىتىشنى كۈندىلىك نازارەت قىلىشنى ياخشى تۇتۇشنى مەركەزلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا كۆزىتىش ئەھۋالىنى قايتما ئىنكاس قىلدى. گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ رۇڭجۈن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىگە كۆزىتىش ئەھۋالىنى قايتما ئىنكاس قىلدى ھەمدە مەركەز كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش توغرىسىدىكى خىزمەت تەلىپىنى يەتكۈزدى. چېن چۈەنگو رەھبەرلىك بەنزىسىگە قايتما ئىنكاس قىلىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا سۆز قىلدى.

ۋاڭ رۇڭجۈن قايتما ئىنكاس قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، 2 ـ قېتىملىق، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، سىياسىي ئېكولوگىيەنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى. كۆزىتىشتە يەنە بەزى مەسىلىلەر بايقالدى، ئاساسلىقى: شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىي يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دېگەندەك ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق بولمىغان، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىدا يېتەرسىزلىك بار، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش دېگەندەك پۇختا بولمىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش دېگەندەك كۈچلۈك بولمىغان، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە ئاجىز ھالقىلار ساقلانغان؛ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى «ئىككى مەسئۇلىيەت»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە پەرق بار، بېسىمنى يەتكۈزۈش دېگەندەك جايىدا بولمىغان، بەزى نۇقتىلىق ساھەلەر، رايونلاردا پاكلىق خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش دېگەندەك كۈچلۈك بولمىغان، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرى يەنىلا يۈز بەرگەن؛ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش دېگەندەك جايىدا بولمىغان، رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا يەنىلا پەرق بار، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى يەنىلا بىرقەدەر ئاجىز؛ مەركەزنىڭ كۆزىتىش، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش قاتارلىق نازارەت قىلىشتا بايقالغان مەسىلىلەر ۋە «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە تەكشۈرۈلگەن ـ كۆزىتىلگەن مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرىنى تۈزىتىش دېگەندەك جايىدا بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆزىتىش گۇرۇپپىسى يەنە بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەسىلىلىرى ئىنكاس قىلىنغان يىپ ئۇچلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى قاتارلىق ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

شىنجاڭ جۇڭخې:

# يىللىق ئۆتكەل يېقىنلاشتى   ئىشلەپچىقىرىش ئالدىراش بولدى

☐ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ما يىنىڭ**

2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، شىنجاڭ جۇڭخې پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ يۇقىرى ساپلىقتىكى ئاليۇمىن بۇيۇملىرى شىركىتىنىڭ نەپىس ئالىيۇمىن سېخىدا، زىنچىچە تىزىش ماشىنا ئادەمى كۆمۈش رەڭلىك نەپىس ئالىيۇمىن زىنچىلارنى رەتلىك تىزىۋاتاتتى. نەپىس ئالىيۇمىن ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە، ئىشچىلار ئۈسكۈنىلەرنى پىششىق كونترول قىلىۋاتاتتى، 100 گە يېقىن ئېغىتىش ئۈسكۈنىسى بۇيرۇق بويىچە تەرتىپلىك يۈرۈشۈۋاتاتتى.

چاغان يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭ جۇڭخېنىڭ ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرى يەنىلا ئالدىراشلىققا تولغانىدى. يۇقىرى ساپلىقتىكى ئالىيۇمىن بۇيۇملىرى شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى خې شىنگۇاڭ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «1 ـ ئايدىن بۇيان، بىز ئارقا ـ ئارقىدىن جۇڭگو ئالەم قاتنىشى پەن ـ تېخنىكا سانائىتى گۇرۇھى ۋە جۇڭگو ئالەم قاتنىشى پەن ـ تېخنىكا گۇرۇھىنىڭ نەپىس ئالىيۇمىن مەھسۇلاتلىرى زاكىزىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور تېخنىكىلىق جابدۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئالىيۇمىن بولغاچقا، بىز ھەربىر ئىنچىكە ھالقا، كۆرسەتكۈچلەرنى دەل جايىدا ئىگىلىدۇق. نۆۋەتتە، نەپىس ئالىيۇمىن ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى مۇقىم، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەۋاتىدۇ، مەھسۇلات سۈپىتى ۋە زاكازنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلالايمىز».

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)



**قەشقەر قەدىمىي شەھرىدە چاغان كەيپىياتى قويۇق بولدى**

2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، كىچىك دوستلار قەشقەر قەدىمىي شەھرىدە ئويناۋاتقان. يېقىندا، قەشقەر قەدىمىي شەھرى ئاھالىلىرى بەس ـ بەستە چۈنلىيەن چاپلاپ، پانۇس ئېسىپ، كاتتا چاغاننى خۇشال ـ خۇرام كۈتۈۋالدى.

☐ **ئادىلجان ئابدۇقادىر فوتوسى**

شەرقتە لىيەنيۈنگاڭدىكى «خۇاگوشەن»دىن باشلىنىپ، غەربتە تۇرپاندىكى «يالقۇنتاغ»قا تۇتاشتى

# شۈجوۋ ـ لىيەنيۈنگاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى

## جۇڭگو يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ياڭ شاۋگۇڭ)** شەرقتە لىيەنيۈنگاڭدىكى «خۇاگوشەن»دىن باشلىنىپ، غەربتە تۇرپاندىكى «يالقۇنتاغ»قا تۇتاشتى ــ 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، شۈجوۋ ـ لىيەنيۈنگاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولدا قاتناش باشلىنىشغا ئەگىشىپ، جۇڭگونىڭ كلاسسىك مەشھۇر ئەسىرى «غەربكە ساياھەت»تىكى بۇ ئىككى داڭلىق تاغ سائەتلىك سۈرئىتى 250 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلدى.

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)